"ئەتىكى قۇياش" — ياشلار-ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ "11-بەش يىللىق پىلان" مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# تولستوي

## ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى



مىللەتلەر نەشرىياتى

"ئەتىكى قۇياش" — ياشلار – ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ "11 - بەش يىللىق پىلان" مەزگىلدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# تولستوي

## ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

本书根据中国少年儿童出版社 2006 年 4 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر- باللار نەشرىياتى 2006- يىل 4- ئايدا نەشر قىلغان 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : مۇكەررەم مەمەت

# تولستوي

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2009- يىل 7- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2009- يىل 7- ئايدا 1- قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 2.5 |
| سانى | : | 0001-3000 |
| باھاسى | : | 6.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-10176-4/I.2060（维 292)

**图书在版编目(CIP)数据**

托尔斯泰：维吾尔文/（俄罗斯）托尔斯泰（Tolstoy, L. N.）著；艾比布拉·买买提译. —北京：民族出版社，2009.7
（托起明天的太阳. 文学大师启蒙读本）
ISBN 978-7-105-10176-4

Ⅰ. 托... Ⅱ. ①托... ②艾... Ⅲ. 短篇小说—作品集—俄罗斯—近代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I512.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 119729 号

**责任编辑**：木开日木·买买提
**责任校对**：木开日木·买买提
**出版发行**：民族出版社　　http://www.mzcbs.com.
**社　　址**：北京市和平里北街 14 号　　**邮编**：100013
**电　　话**：010-64290862（维文室）
**印　　刷**：北京艺辉印刷有限公司
**版　　次**：2009 年 7 月第 1 版　第 1 次印刷
**开　　本**：850×1168 毫米 1/32
**印　　张**：2.5
**印　　数**：0001-3000
**定　　价**：6.00 元

ISBN 978-7-105-10176-4/I.2060（维 292）

# مۇندەرىجە


ئۈچ ئېيىق ........................ 1
چاشقان قىزچاق ........................ 6
بۆرە بىلەن موماي ........................ 9
ئۈزۈملۈك باغ خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ........................ 12
ئىت ئېيىقنىڭ هارۋىغا ئولتۇرۇشى ........................ 13
ئىمپېراتور پېتر ۋە دېهقان ........................ 15
ئىككى ئات ........................ 18
شىر بىلەن كۈچۈك ........................ 20
مىراسنى تەڭ بۆلۈشۈش ........................ 24
ئۈچ ئوغرى ........................ 26
ئاققۇتان، بېلىق ۋە راك ........................ 29
كىرپە بىلەن ياۋا توشقان ........................ 31
ئىككى ئاكا- ئۇكا ........................ 34
سۇ يىلىنى ........................ 37
پادىشاه بىلەن قارچىغا ........................ 41
ئەما ۋە كالا سۈتى ........................ 43
بۆرە بىلەن كامالەك ........................ 44
دېهقاننىڭ غاز تەقسىم قىلىشى ........................ 45
ئادىل سوتچى ........................ 48
پادىشاه ۋە كۆڭلەك ........................ 53
ئىككى دوست ........................ 55
سەكرەش ........................ 56
شىر، بۆرە ۋە تۈلكە ........................ 60
دېهقان بىلەن سۇ مەخلۇقى ........................ 62
چوڭلاردىن ئەقىللىق سەبىي قىزچاقلار ........................ 64
توخۇ تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى بۇغداي دېنى ........................ 67
شىر بىلەن چاشقان ........................ 71
پاشا بىلەن شىر ........................ 72
شىر بىلەن تۈلكە ........................ 73


此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# ئۈچ ئېيىق

بىر سەبىي قىزچاق ئۆزى يالغۇز ئۆيدىن چىقىپ، ئورمانلىققا ئوينىغىلى بېرىپتۇ ۋە ئورمانلىقتا ئېزىپ قېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىدىغان يولنى تاپالماپتۇ. يول ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ.

قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك، ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەم يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن قىزچاق ئۆيگە كىرىپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەردە ئۈچ ئېيىق تۇرىدىكەن. دادا ئېيىقنىڭ ئىسمى مىخايىل ئىۋانىچ بولۇپ، بوي-بەستى يوغان، تۈكلۈك ئىكەن؛ يەنە بىرى ئانا ئېيىق بولۇپ، بوي-بەستى كىچىكرەك ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى ناستاسىيە پېترووۋنا ئىكەن؛ ئۈچىنچىسى ئۇلارنىڭ بالىسى بولۇپ، مىشۇتكا ئىسىملىك ئېيىقچاق ئىكەن. مۇشۇ پەيتتە ئۇلار ئورمانلىققا سەيلە قىلغىلى كەتكەنىكەن.

بۇ ئۆينىڭ ئىككى خانىسى بولۇپ، بىرى ئاشخانا ئۆي، يەنە بىرى ياتاق ئۆي ئىكەن. قىزچاق باشتا ئاشخانىغا كىرىپ، تاماق شىرەسى ئۈستىدە ئۈچ قاچا ئۇماچ قويۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قاچىلارنىڭ بىرىنچىسى تولىمۇ يوغان بولۇپ، ئۇ مىخايىل ئىۋانىچنىڭ ئىكەن. يەنە بىرى ئۇنىڭدىن سەل كىچىكرەك بولۇپ، ئۇ ناستاسىيە پېترووۋنانىڭ ئىكەن. ئۈچىنچىسى كۆك رەڭلىك كىچىك قاچا بولۇپ، ئۇ مىشۇتكىنىڭ ئىكەن. بۇ قاچىلارنىڭ يېنىغا چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك قوشۇقلار ئايرىم-ئايرىم قويۇپ قويۇلغانىكەن.

قىزچاق چوڭ قوشۇقنى ئېلىپ، چوڭ قاچىدىكى ئۇماچتىن بىر قوشۇق ئېلىپ تېتىپ بېقىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئوتتۇراھال قوشۇق بىلەن كىچىكرەك قاچىدىكى ئۇماچتىنمۇ تېتىپ كۆرۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئەڭ كىچىك قوشۇق بىلەن كۆك قاچىدىكى ئۇماچنى ئىچىشكە باشلاپتۇ، قىزچاققا مىشۇتكىنىڭ ئۇمىچى بەكلا تېتىپ كېتىپتۇ.

بىر چاغدا قىزچاق ئولتۇرماقچى بولۇپ، تاماق شىرەسىنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان ئۈچ ئورۇندۇققا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئەڭ چوڭ ئورۇندۇق مىخايىل ئىۋانىچنىڭ ئىكەن، ئىككىنچىسى سەل كىچىكرەك بولۇپ، ئۇ ناستاسىيە پېتروۋنانىڭ ئىكەن؛ ئۈچىنچىسى ھەممىدىن كىچىك بولۇپ، كۆك رەڭلىك سېلىنچا سېلىنغان بۇ ئورۇندۇق مىشۇتكىنىڭ ئىكەن. قىزچاق ئەڭ چوڭ ئورۇندۇققا يامىشىپ چىقىپتۇيۇ، ئولتۇرالماي يىقىلىپ چۈشۈپتۇ؛ ئۇ يەنە ئوتتۇراھال ئورۇندۇققا يامىشىپ چىقىپ ئولتۇرۇپتىكەن، بەكلا ئارامسىزلىنىپتۇ؛ ئاخىر ئەڭ كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتىكەن، خۇشلۇقتىن كۈلۈپ كېتىپتۇ، چۈنكى بەك راھەت ھېس قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆك رەڭلىك چىنىنى ئېلىپ تىزىغا قويۇپتۇ-دە، ئۇماچنى ئىچىشكە باشلاپتۇ. ئۇ بىر قاچا ئۇماچنى پاك-پاكىز ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئورۇندۇقتا ئۇياق-بۇياققا چايقىلىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ.

چايقىلىۋەرگەچكە كىچىك ئورۇندۇق بۇزۇلۇپ كېتىپ، قىزچاق



پولغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كىچىك ئورۇندۇقنى ئۆز ئورنىغا يۆلەپ قويۇپ، ياتاق ئۆيگە كىرىپتۇ. ياتاق ئۆيگە ئۈچ كارىۋات قويۇلغانىكەن؛ ئەڭ چوڭ كارىۋات دادا ئېيىقنىڭ ئىكەن؛ ئوتتۇراھال كارىۋات ئانا ئېيىقنىڭ ئىكەن؛ ئەڭ كىچىك كارىۋات بولسا ئۇلارنىڭ بالىسى مىشۇتكىنىڭ ئىكەن.

قىزچاق بېرىپ چوڭ كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ كۆرۈپتۇ، بىراق بۇ كارىۋات ئۇنىڭغا بەك كەڭ بىلىنىپتۇ؛ ئۇ ئوتتۇراھال كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپتىكەن، بۇ كارىۋات ئۇنىڭغا بەك ئېگىز بىلىنىپتۇ؛ ئاخىر كىچىك كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپتىكەن، بۇ كارىۋات ئۇنىڭغا بەك راھەت بىلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كارىۋاتتا ئۇخلاپ قاپتۇ.

بىر چاغدا ئۈچ ئېيىق قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ قورسىقى راسا ئېچىپ كەتكەچكە تاماق يېمەكچى بولۇپتۇ، دادا ئېيىق چىنىسىنى قولىغا ئېلىپ بىر قاراپلا قورقۇنچلۇق ئاۋازدا:

— مېنىڭ قاچامدىكى ئۇماچنى كىم ئىچىپ قويدى! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ناستاسىيە پېتروۋنامۇ قاچىسىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن پەسرەك ئاۋازدا:

— مېنىڭ قاچامدىكى ئۇماچنى كىم ئىچىپ قويدى! — دەپ غۇدۇرىغىلى تۇرۇپتۇ.

مىشۇتكا ئۆزىنىڭ كىچىك قاچىسىنىڭ قۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ

— مېنىڭ قاچامدىكى ئۇماچنى كىم ئىچتى! ۋايجان، ھەممىسىنى



ئىچىۋاپتىغۇ! — دەپ ئىنچىكە ئاۋازدا چىرقىرىغىلى تۇرۇپتۇ.

مىخائىل ئىۋانىچ ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— مېنىڭ ئورۇندۇقۇمدا كىم ئولتۇرۇپ قويدى، جايىدىن يۆتكىلىپ كېتىپتىغۇ! - دەپ قورقۇنچلۇق ئاۋازدا يەنە ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ.

ناستاسىيە پېتروۋنامۇ ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— مېنىڭ ئورۇندۇقۇمدا كىم ئولتۇرۇپ قويدى، ئۇنى جايىدىن يۆتكىۋېتىپتۇ! — دەپ غۇدۇرىغىلى باشلاپتۇ.

مىشۇتكىمۇ ئۆزىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئورۇندۇقىنى كۆرۈپ:

— مېنىڭ ئورۇندۇقۇمدا كىم ئولتۇردى! ۋايجان، ئۇنى چۇۋۇۋېتىپتىغۇ! — دەپ ئىنچىكە ئاۋازدا چىرقىراپ كېتىپتۇ.

ئۈچ ئېيىق ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپتۇ، مىخائىل ئىۋانىچ قورقۇنچلۇق ئاۋازدا يەنە ھۆركىرىگىلى تۇرۇپتۇ:

— مېنىڭ كارىۋىتىمدا كىم يېتىپ قويدى، يوتقان-كۆرپىلەرنى قالايمىقان قىلىۋېتىپتىغۇ!

ناستاسىيە پېتروۋنامۇ ھەدەپ غۇدۇڭشىغىلى تۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى سەل پەسرەك چىقىپتۇ.

— كىم مېنىڭ كارىۋىتىمدا ياتتى، يوتقان-كۆرپىلەرنى قالايمىقان قىلىۋېتىپتىغۇ!

مىشۇتكا بىر كىچىك ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ، كارىۋىتىغا ئۆمىلەپ چىقىپتۇ ۋە ئىنچىكە ئاۋازدا چىرقىرىغىلى تۇرۇپتۇ:

— مېنىڭ كارىۋىتىمدا كىم ياتتى، يوتقان-كۆرپىلەرنى قالايمىقان



قىلىۋېتىپتىغۇ!
ئۇ تۇساتتىنلا قىزچاقنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، خۇددى بىر كىم ئۇنى بوغۇزلاۋاتقاندەك بار ئاۋازى بىلەن چىرقىرىغىلى تۇرۇپتۇ:
—ئۇ، بۇ يەردىكەن! ئۇنى تۇتۇۋېلىڭلار، ئۇنى تۇتۇۋېلىڭلار! ئۇ، بۇ يەردىكەن! ئۇ، بۇ يەردىكەن! ۋايجان، ئۇنى قاچۇرۇپ قويمايلى!
مىشۇتكا قىزچاقنى چىشلىمەكچى بولۇپ تەمشىلىپتۇ، قىزچاق كۆزىنى ئېچىپ، ئۇچ ئېيىقنى كۆرۈپتۇ-دە، دەرھال دېرىزە تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ، دېرىزە ئوچۇق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قېچىپ كېتىپتۇ.

# چاشقان قىزچاق

بىر ئادەم دەريا بويىدا كېتىپ بېرىپ، بىر قاغىنىڭ بىر چاشقاننى چىشلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ قولىغا بىر تال تاشنى ئېلىپ قاغىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. قاغا ئېغىزىنى بوشىتىشىغا، چاشقان دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم چاشقاننى دەريادىن سۈزۈۋېلىپ ، ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

بۇ ئادەمنىڭ بالىسى يوق ئىكەن، ئۇ بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:

— ھەي، ئەگەر بۇ چاشقان بىر كىچىك قىز بالىغا ئايلىنىپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە!— دەپتىكەن، بۇ چاشقان دەرۋەقە بىر كىچىك قىز بالىغا ئايلىنىپتۇ.

بۇ قىزچاق چوڭ بولۇپتۇ، ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭدىن:

— سىز كىمگە ياتلىق بولۇشنى خالايسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

قىزچاق:

— مەن دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەمگە ياتلىق بولۇشنى خالايمەن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئادەم بېرىپ قۇياشقا مۇراجىئەت قىلىپ:

— ئېھ، قۇياش! مېنىڭ قىزىم دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەمگە ياتلىق بولۇشنى خالايدىكەن، سەن ئەڭ قۇدرەتلىك، شۇڭا سەن قىزىمنى ئەمرىڭگە ئالغىن!— دەپتۇ.

قۇياش:

— مەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئەمەس، بۇلۇت مېنى توسۇيالايدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئادەم بېرىپ بۇلۇتقا:

— ئېھ، بۇلۇت ! سەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەنسەن، شۇڭا قىزىم بىلەن توي قىلغىن!— دەپتۇ.

بۇلۇت:

—مەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئەمەس، شامال مېنى ئۇچۇرۇپ ئەكىتەلەيدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئادەم شامالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

— ئېھ، شامال! سەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەنسەن، شۇڭا قىزىم بىلەن توي قىلغىن!— دەپ مۇراجىئەت قىلىپتۇ.

شامال:

— مەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئەمەس، تاغلار مېنى توسۇيالايدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئادەم تاغنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئېھ، تاغ! سەن مېنىڭ قىزىم بىلەن توي قىلغىن! چۈنكى سەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەنسەن!— دەپتۇ.

تاغ:

— چاشقان مەندىن قۇدرەتلىك! ئۇ، بىز تاغلارنى غاجىلاپ تېشىۋېتەلەيدۇ!— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم چاشقاننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئېھ، چاشقان! سەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەنسەن، شۇڭا مېنىڭ قىزىم بىلەن توي قىلغىن!— دەپتۇ.

چاشقان ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپتۇ.

بۇ ئادەم ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قىزچاققا:

— چاشقان ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەن، ئۇ تاغنى غاجىلاپ تېشىۋېتەلەيدىكەن، تاغ شامالنى توسۇيالايدىكەن، شامال بۇلۇتنى



ئۈچۈرتۈپ كېتەلەيدىكەن، بۇلۇت قۇياشنى توسۇۋالالايدىكەن، چاشقان سەن بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولدى،— دەپتۇ.
بىراق، قىزچاق:
— ھەي، مەن ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ چاشقان بىلەن قانداقمۇ توي قىلالايتتىم!—دەپ ئۇھ تارتىپتۇ.



بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئادەم ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ تۇرۇپ:
— شۇ ئەمەسمۇ، ناۋادا مېنىڭ قىزىم قايتىدىن چاشقانغا ئايلىنىپ قالغان بولسا، بۇ ئىش مۇمكىن بولار ئىدى!— دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن، قىزچاق قايتىدىن چاشقانغا ئايلىنىپ ھېلىقى چاشقان بىلەن توي قىلىپتۇ.

# بۆره بىلەن موماي

بىر بۆره بەك ئېچىرقاپ كېتىپ، ھەممە يەرنى تىمىسقىلاپ ئۇزۇق ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر كەنتنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە بىر ئۆيدىن بىر كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ، تىڭشىغۇدەك بولسا بىر موماي ئۇنىڭغا مۇنداق دەۋاتقۇدەك:

— يەنە يىغلايدىغان بولساڭ، سېنى بۆرىگە تاشلاپ بېرىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بۆره قەدەملىرىنى توختىتىپ، بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ يىغلاۋاتقان بالىنى ئۆزىگە تاشلاپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋاقىت يېرىم كېچە بولۇپتۇ، بۆره سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئۇ ئاخىر يەنە مومايىنىڭ بالىسىغا:

— ئاپئاق قوزام، بولدى يىغلىما، مەن سېنى ھەرگىز بۆرىگە تاشلاپ بەرمەيمەن، ئەگەر بۆره كېلىدىغان بولسا، بىز ئۇنى راسا دۇمبالاپ جاجىسىنى بېرىمىز، — دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بۆره: «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ دېگىنى بىر خىل، قىلىدىغىنى باشقا بىر خىل ئىكەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ كەنتتىن غېپپىدە باشقا ياققا كېتىپ قاپتۇ.



## ئىككى سودىگەر

بىر نامرات سودىگەر يىراق سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق تۆمۈر ئەسۋاب ماللىرىنى باي سودىگەرنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە ئامانەت قويۇپتۇ. ئۇ سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باي سودىگەرنىڭ قېشىغا ماللىرىنى ئالغىلى بېرىپتۇ.

باي سودىگەر نامرات سودىگەرنىڭ ماللىرىنى ئاللىقاچان سېتىۋەتكەنىكەن، ئەمما ئۇ:

— سىزنىڭ تۆمۈر ئەسۋابلىرىڭىزنى نەس باستى، — دەپتۇ.

— نېمە بولدى؟

— سىزنىڭ تۆمۈر ئەسۋابلىرىڭىزنى ئاشلىق ئامبىرىغا ئەكىرىپ قويۇۋىدىم، بۇ يەردىكى چاشقانلار غاجىلاپ يەپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ غاجىلاپ يېيىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ بېرىپ كۆرۈپ باققىن.

نامرات سودىگەر ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلماي:

— كۆرۈپ نېمە قىلاي، ئاشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، چۈنكى مەن چاشقانلارنىڭ تۆمۈر غاجىلايدىغانلىقىنى بىلمەن ئەمەسمۇ، خوش ئەمىسە! — دەپتۇ.

نامرات سودىگەر كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئويناۋاتقان بىر كىچىك بالىنى ئۇچرىتىپتۇ، بۇ، باي سودىگەرنىڭ ئوغلى ئىكەن. نامرات سودىگەر بۇ كىچىك بالىنى ئاندا-مۇندا ئەركىلىتىپ قويۇپ، كۆتۈرگەن پېتى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى باي سودىگەر نامرات سودىگەرنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا ئوغلىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ تارتقان دەرد-ئەلەملىرى ھەققىدە ھال ئېيتىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن:

— سەن ئوغلۇمنى كۆردۈڭمۇ؟ ياكى ئۇ ھەقتە بىرەر گەپ-سۆز ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

نامرات سودىگەر:

— ئەلۋەتتە كۆردۈم، تۈنۈگۈن مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن قايتىپ چىققان چېغىمدا، بىر قۇرغۇينىڭ ئېتىلىپ كېلىپ ئوغلۇڭىنى قاماللىغىنىچە ئۇچۇپ كەتكىنىنى كۆردۈم، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي سودىگەرنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ:

— باشقىلارنىڭ بېشىغا بالا كەلسە خۇشال بولۇشتىن ئۇيالمايدىكەنسەن، نەدىمۇ قۇرغۇي بىر بالىنى قاماللاپ ئۇچۇپ كېتىدىغان ئىش بولسۇن؟— دەپتۇ.

— ياق، مەن سېنى مازاق قىلىۋاتقىنىم يوق، چاشقانلار يۈز پۇت[1] كېلىدىغان تۆمۈر ئەسۋابلارنى غاجىلاپ يەپ كەتكەن يەردە،



قۇرغۇينىڭ بىر بالىنى قاماللىغىنىچە ئۇچۇپ كەتكىنىنىڭ نېمە غەلىتە يېرى بولسۇن؟ دۇنيادا نېمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ دەيسەن! — دەپتۇ نامرات سودىگەر.

باي سودىگەر شۇئان گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ:

— چاشقانلار سېنىڭ تۆمۈر ئەسۋابلىرىڭنى غاجىلاپ يەپ كەتمىدى، ئۇ ماللارنى مەن سېتىۋەتكەنىدىم، مەن ئۇنى ساڭا ھەسسىلەپ تۆلەپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ئىش مۇنداق ئىكەن، ئۇنداقتا قۇرغۇينىڭمۇ سېنىڭ ئوغلۇڭنى قاماللاپ ئۇچۇپ كەتكىنى يوق. ئۇنى مەن ساڭا ئەكېلىپ بېرەي! — دەپتۇ نامرات سودىگەر جاۋابەن.

---

[1] پۇت — رۇسلارنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى، بىر پۇت 16.38كىلوگرام.

# ئۈزۈملۈك باغ خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى



ئۈزۈملۈك باغ خوجايىنى باغۋەنچىلىك ھۈنىرىنى ئوغۇللىرىغا ئۆگىتىپ قويۇشنى ئويلايدىكەن. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— بالىلىرىم، قولاق سېلىڭلار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن باغقا كىرىپ، ئۇ يەرگە قانداق نەرسىنىڭ كۆمۈلگەنلىكىنى ئىزدەپ بېقىڭلار، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بالىلار باغقا خەزىنە كۆمۈلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئاتىسى جان ئۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۈزۈملۈك باغنى بىر باشتىن كولاپ، ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىپتۇيۇ خەزىنىنى تاپالماپتۇ، ئەمما ئۈزۈملۈك باغنىڭ توپىسى ئاغدۇرۇلۇپ بەكلا يۇمشاپ كەتكەچكە، ئۈزۈملەر بەك ئوخشاپ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ھوسۇل بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلار باي بولۇپ كېتىپتۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com